يۇسۇپجان سۇلايمان

# كېچىنىڭ كۆزى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

يۇسۇپجان سۇلايمان

# كېچىنىڭ كۆزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
夜的眼睛/玉素甫·苏拉依曼 著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.10
ISBN 7—228—09081—0

Ⅰ.夜… Ⅱ.玉… Ⅲ.① 故事—作品集—中国—当代——维吾尔语（中国少数民族语言)②散文—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. I217.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 103624 号

责任编辑:艾加尔古丽·吐尔逊
责任校对:阿斯亚·艾合买提
封面设计:卡哈尔·牙生

# 夜的眼睛（维吾尔文）

玉素甫·苏拉依曼 著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编:830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆大金马印务有限责任公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　11.5 印张　2 插页
2005 年 7 月第 1 次印刷　2005 年 7 月第 1 版
印数：1 — 3000

ISBN 7—228—09081—0　定价:18.00 元



ئاپتورنىڭ يېقىندا چۈشكەن سۈرىتى (قاھار ياسىن فوتوسى)

# مۇندەرىجە


كېچىنىڭ كۆزى ...... 2

شەھرىزاتنىڭ ھېكايىسى ...... 26

شەپەق سۆيگۈسى ...... 47

قارلار جىمىرلايدۇ ...... 57

قۇرت پاجىئەسى ...... 68

ساۋاق ...... 92

بارات چوقۇر ...... 111

بۇرچ ...... 118

قارا يۇرەك ...... 132

تۆمۈر خوراز ...... 138

ئۇمچەيگەن لەۋلەر ...... 145

پالخانا ...... 163

تەستەك ...... 167

ئالتۇن زەنجىر ...... 173

ئۆكۈنۈشتە يېزىلغان مەكتۇپ ...... 179

بۆرە ...... 189

روھىي توقۇنۇش ...... 199

نوچى ...... 204

خىيال دېڭىزى ...... 210

قەلب سىرى ...... 217

ئانا مېھرى ...... 224

«دېڭىز» دىكى جەڭ ...... 237

يۈزسىز ...... 243




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

سىناق ........................................ 251
ياۋا گۈل ........................................ 260


## ئەدەبىي خاتىرىلەر


روھ چېقىنلىرى ........................................ 266


## نەسرلەر


پىنھان تىنىقلار ........................................ 314
سۈزۈك قەترىلەر ........................................ 318
كەچمىش تامچىلىرى ........................................ 322
قەلب ئىزھارى ........................................ 325
ئىنتىلىش ........................................ 329
يېشىل مارجانلار ........................................ 331
تەبىئەت — ئانا ........................................ 336
ياشلىق مېلودىيىسى ........................................ 339
ھىجران بوغۇقلىرى ........................................ 342
ھېسلار ئۇچقۇنى ........................................ 357

# ھېكايىلەر

# كېچىنىڭ كۆزى

— قارىماققا تۈن ۋەھىمىلىك ۋە قورقۇنچلۇق. شۇڭا، «تۈن» دېگەن بۇ سۆز تولىراق سەلبىي ئوبرازغا سىمۋول قىلىنىدۇ. تۈندىن قورقۇشمۇ ياكى تۈنگە بولغان بىزارلىقمۇ ۋە ياكى بىر خىل قانۇنىيەتمۇ، ھەتتا بارلىق ئىنسانلار ۋە تالايلىغان جانلىقلار تۈن دەقىقىلىرى باشلىنىشى بىلەنلا ئۇيقۇ تۆشۈكىگە ئۆزىنى ئېتىشىپ، ئالەمنى مەۋھۇملۇق، قورقۇنچ قاپلىغان سۈكۈتكە چۆمدۈرىدۇ، خۇددى تۈننىڭ ئازراقمۇ گۈزەللىكى يوقتەك. ئەمەلىيەتتە تۈننىڭمۇ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكى، ئەۋزەللىكى بار. ئەگەر تۈننىڭ گۈزەللىكى، ئەۋزەللىكى بولمىغىنىدا، ياز ئاخشاملىرى پاقىلار كوركىراپ، چېكەتكىلەر چىرىلداپ، دەريا - ئۆستەڭلەر شاۋقۇن سېلىپ، تۈن قۇچىقى گۈزەل كۈيلەر بىلەن تولمىغان؛ ئاشىق - مەشۇقلارمۇ ئاي نۇرىدا يۇيۇنۇۋاتقان سۆيۈملۈك دالانىڭ ئەڭ پىنھانلىرىدا ياشلىق ۋە سۆيگۈنىڭ ئىلاھىي لەززەتلىرىدىن مەست - ئەلەس بولۇپ، تۈن قۇچىقىدا مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان ئەبەدىيلىك رىسالە ئىزنالىرىنى قالدۇرمىغان بولار ئىدى! مۇبادا بۇنى تەن ئالمىغۇچىلار بولسا، ئۇنداقتا كىملەر بۇ گۈزەل كارتىنىلار ۋە گۈزەل كۈيلەرنىڭ تۈن قوينىدىكى شادلىق، بەخت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالايدۇ؟!

— دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق، ماڭا نىسبەتەنمۇ پەقەت يات ئەلنىڭ تۈنىلا قورقۇنچلۇق ۋە ۋەھىمىلىك. ئەمما، ئۆز ئېلىڭنىڭ ھەرقانداق تۈنلىرى — مەيلى ئۇ تولۇنئاي پارلاپ

تۇرغان، يۇلتۇزلار جىمىرلىشىۋاتقان تۈنلەر بولسۇن ياكى ئۇ ئاي، يۇلتۇزسىز، ھۇۋقۇش ھۇۋلاپ تۇرغان گۆردەك قاراڭغۇ، مۇدھىش تۈنلەر بولسۇن يەنىلا گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك! چۈنكى، بىز جەڭچىلەر تۈننىڭ سىرداش دوستى، تۈن ۋۇجۇدىدىن تىنچلىق تۇغدۇرۇۋاتقان تۇغۇت ئانىسى!

— بۇ سۆزلىرىڭ ھەقىقەتەن گۈزەل مىلودىيىدەك تەسىرلىك بولدى، جۇمۇ؟

— يۈرەكنىڭ قات - قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەرقانداق ئاددىي سۆزمۇ بىر مىلودىيە!

— مانا مۇشۇ يۈرەك سۆزىمىزنى بىزنى، بىزنىڭ ئەل ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېلىنجاپ تۇرغان قەلبىمىزنى چۈشەنمەيدىغان، بىزنى نانقېپىلار قاتارىدا ئەيىبلەپ يۈرۈشكەن بىر قىسىم كىشىلەرگە دەۋالغان بولساق - ھە؟!

— ئەخمەقكەنسەن، بىز خەق قاچانمۇ ئۆزىمىزنى ماختاپ ئادەتلەنگەن؟ ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز، ھەرىكىتىمىزدىكى بەرىكىتىمىز ھامان بىزنىڭ قەلبىمىزنى ئاۋام قەلبىنىڭ تىرەن جايلىرىدا تەۋەللۇت قىلىدۇ.

— سېنىڭ بىلەن تۈنگە سىرداش بولمىغىنىمغا ئۇزۇن بوپتىكەن دوستۇم، ئەجەبمۇ مەنىلىك، تەسىرلىك پاراڭلارنى قىلدىڭ، شۇ تاپتا ئۆزۈمنى باشقىدىن پەخىرلىك ھېس قىلىپ قېلىۋاتىمەن . . .

— ئەگەر يۇرتلاردا بولغان بولساق چۆپقەتلەر بىلەن بىر يەرگە جەم بولاتتۇق - دە، ھاراق ئىچىپ ئاچچىق كېكىرىپ، ياشلىق قىلىپ كىملەرگىدۇر قاش، كىملەرگىدۇر تاش ئېتىپ، ياكى بولمىسۇن «دەتتىكام!» نىڭ تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ قېلىپ، ئۇتساق گۆش يەپ، ئۇتتۇرساق پەشۋا بىلەن مۇشت يەپ، ھەر مۇشت يېگەندە نەچچە كۈن يېتىپ قېلىپ يۈرگەن بولار ئىدۇق. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بۇ ھايات نەقەدەر گۈزەل،

نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ـ ھە؟! پەخىرلەن دوستۇم، بۇ كۈنلەر ھازىرمۇ، ھەربىي سەپتىن قايتىپ يەرلىككە بارغاندىن كېيىن، ئاددىي دېھقان بولۇپ ئانا تۇپراق بىلەن كۈندە نەچچە رەت چېلىشىپ قالغان ئەھۋالدىمۇ شەرەپ قۇببىمىز بولۇپ قالغۇسى!

تۈننىڭ دەقىقە تىللىرى ئۈنسىز چىكىلدىماقتا، ئۈچ تەرىپى تاغ بىلەن ئورالغان دالا گۈڭگالىق ئىچىدە قارىيىپ ياتىدۇ. يېقىندىلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان تۆگە لوكىسىدەك تاغلار قارا دىۋە توپىدەك سۇرلۇك چوقچىيىپ تۇرۇشىدۇ. كۆك سەتھىدە جاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار تۇرۇپ قانداقتۇر بىر مەنىدە كۆز قىسىپ مەن بىلەن چاقچاقلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ، تۇرۇپ روھىيىتىمدە ئىنتىلىدىغان، سېغىنىدىغان، ئۈمىدلىرىمدە چوقۇم ماڭا نېسىپ بولىدىغان ئامرىقىمنىڭ شەھلا كۆزىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىدۇ. قىش پەسلىدە خۇددى ئۈششۈك ھەرىسىدەك رەھىمسىزلەرچە نەشتىرىنى سانجىيدىغان ئاچچىق شامال ئورنىغا باھارنىڭ سۆيۈملۈك نەپەسلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سەلكىن شامال ئالماشقان بولۇپ، ئۇ ئانا يۇرت قۇچىقىدىكى غۇر ـ غۇر شامالLاردەك راھەتبەخش ۋە ئىللىق ئەمەس. سەۋەبى، بىزنىڭ روھىمىز يىلتىز تارتقان بۇ خىلۋەت تاغ ئېتىكى ــ پات ـ پات ئاقۇچ بۇلۇتلار باغرىنى ياققىنىچە ئېغىنايدىغان، پات ـ پات توساتتىن قارا بوران خۇددى چىلبۆرىدەك ھۇۋلايدىغان، ھېلى زۇمرەت ئاسمان تەرىنى تۇرۇپ ھەممىلا دەردىنى بىراقلا جەڭچىلەرگە تۆكۈپ بەرمەكچى بولغاندەك چېلەكلەپ ياش تۆكسە، ھېلى ئاپئاق قار چېچەكلىرىدىن قېلىن پايانداز سېلىنىدىغان، بىر كۈندە ھەممىلا پەسىل سوۋغا ـ سالاملىرىنى ئايىمايدىغان خىسلەتلىك قۇچاق ئىدى. تاغ شامىلىنىڭ ھۇشقىيتىشلىرىمۇ ئانا يۇرتىمىزنىڭ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ، ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىل، دوست ـ بۇرادەرلىرىمىزنىڭ يالقۇنلۇق سالىمىنى، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك،

ئۇلارنىڭ سېغىنىش، پەخىر بىلەن تولغان قەلب سۆزلىرىنى ئۆز تىلىدا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك . . . زېمىنىنىڭ بوۋام ـ مومامنىڭ ئۇزۇنراق يول ماڭغاندا ھاسىراپ كېتىشلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئېغىر تىنىقلىرى ئۇزۇن بىر تارىخنىڭ قىسسەلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. . .

شۇ تاپتا ئاۋامنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىشنى ئۆزىگە مىزان ئەيلىگەن ئىجتىھاتلىق ئىجادكارلار، بەخت، مەدەنىيەت نېمەتلىرىنى توشۇپ يۈرۈشكەن كارۋانلار، تۈن قوينىدىن خۇشاللىقى ۋە رىزقىنى ئىزدەپ يۈرگەن مەۋجۇدات ـ مەخلۇقاتلار، ئاھۇ كۆزلىرىدىن زېمىنغا گۈڭگا نۇر سېپىپ تۇرۇشقان يۇلتۇزلار، تىنچلىقتا مۇئەككەل بولۇشنى كەسىپ، مۇقەددەس مەجبۇرىيەت ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە قىلغان مەن، مېنىڭ يېنىمدا ئاپتوماتنى كۆكرىكىگە تاڭغان ھالدا ئەتراپقا ھوشيارلىق بىلەن قاراپ تۇرغان قاراقاش، يېپ بۇرۇت، دانىخورەك بېسىپ كەتكەن يۈزلىرى بۇغداي ئۆڭگە مايىلراق كەلگەن، قىزلارغا ئوخشاش زىلۋا بوي، چىرايىدىن قەيسەرلىككە سىمۋول سۇرلۇكلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئېرپانمۇ ئويغاق! قالغان مەخلۇقات ـ مەۋجۇداتلار شېرىن چۈش كۆلىمىسىدە. ئۇلار چۈش كۆرسۇن، چۈنكى ئۇلار گۈزەل تاڭ كۈلۈپ، ئالەمنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى قۇياش نىگاھىنى كۆرسەتكەندىن تارتىپ تاكى قۇياش ھاياتلىق ناخشىسى جاراڭلاۋاتقان قايناق زېمىن باغرىدىن ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك، زېمىندىن ئايرىلىش نومۇستەك قىزىرىپ، ئۆز قىبلىگاھىغا باش قويغانغا قەدەر بولغان ناھايىتى قىسقا ۋە ئۇزۇن رىيائلىق قۇچىقىدا تىنىمسىز تېپىرلاپ، چارچاپ ھالىدىن كېتىدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ شېرىن چۈش ۋە بەخت قۇچىقىدا ئەللەيلىنىشكە نائىل بولالىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ تۇرسىلا بولدى!

— جەڭچى دېگەن ئاتالغۇغا بىر تەبىر بېرىپ باقە، —

ئېرپاننىڭ بۇ سۆزى خىيال كەپتەرلىرىمنى نەلەرگىدۇر ئۇركۈتۈۋەتتى.

— پوست تۇرغان ئورۇندا پاراڭ سېلىش تۇزۇمگە خىلاپ ئېرپان، ئەمدى پاراڭنى ئاۋۇتمايلى.

— دېگىنىڭىزغۇ توغرا، لېكىن بوشراق ئاۋازدا مۇڭداشساق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ جىممىلا تۇرساڭ ئۇيقۇ چاپلىشىدىكەن ئادەمگە، — ئېرپاننىڭ ئاۋازىدىن ئۆتۈنۈش چىقىپ تۇراتتى.

— جەڭچى دېگەن ... — پىچىرلىغاندەك ئېغىز ئاچتىم ۋە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

— جەڭچى دېگەن ماش رەڭ كىيىمنى كىيىپ، قورالنى ئېسىپ پوستا تۇرىدىغان ئادەم، دەپ جاۋاب بەرمىگىن يەنە، — ئېرپان پىخىلداپ كۈلدى.

— ئەمەلىيەتتىمۇ جەڭچى شۇنداق ئادەمغۇ؟ — ئېرپاننىڭ كۈلۈشى ماڭا مەسخىرىدەك، كەمسىتىشتەك تۇيۇلغاچقا تېرىكتىم.

— ئۇنداق دېسەڭ بەكلا ئاددىي بولۇپ قالامدۇ؟!

— ئۇنداقتا ئۆزۈڭ تەبىر بېرىپ باققىنا ئەمىسە؟ — ئاۋازىم قېيىدىغاندەك چىقىپ كەتتى.

— جەڭچى دېگەننىڭ تەبىرى قارا ... — ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ كېتىشلىرىدىن، «جەڭچى» دېگەن سۆزنىڭ ئەتراپلىق تەبىرى ئۇستىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ھە، تۇرۇپ قالدىڭغۇ تىلىڭنى چايناپ.

— توختاپ تۇرغىنا زېھنىمنى چاچماي، — ئېرپان يەنە بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى، — جەڭچىنىڭ تەبىرى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن، ياخشى ئاڭلا - ھە:

جەڭچى ...

پىچىرلىشار ئاي،
يۇلتۇز بىلەن،
ياراتماقچى بولۇپ تىنچلىق.
تىنچلىق،
ئاۋام قەلبىنى
خۇشاللىققا تولدۇرىدۇ لىق.
شۇڭا ئۇ پوستا تۇرىدۇ،
بىراق،
ئۇ ئەمەستۇر،
قاتۇرۇپ قويغان بۇت.
ئەگەر جەڭچى بولۇپ قالسا بۇت،
ئارزۇ ـ ئارمان باغلىرىنى
قاپلاپ جۇت،
شەرەپلىك نامىنى قىلىدۇ نابۇت.

××

جەڭچى . . .
بىر پارچە ئوت
يېلىنجاپ تۇرغان.
ئۇنىڭ قەدىمى يەتسۇن قەيەرگە،
شۇ يەردە —
مەيلى ئۇ بولسۇن
تاغ،
باياۋان،
پەيدا بولغۇسى ئالتۇندىن
قەسىر ـ قورغان!

××

جەڭچى . . .
جەڭگاھلاردا باھادىر،

ئارسلان،
ياۋ ئوقىغا پولات قالقان.
ئاۋام بەختى،
تىنچلىقى ئۈچۈن،
خۇشاللىق بىلەن
بەرگۈچى جان.
××
جەڭچى . . .
جىمىرلاپ تۇرغان
ئوماق يۇلتۇز - كېچىنىڭ كۆزى.
يىراقلارغا تىكىلگەن
ئوتلۇق قارىچۇقلار،
سۆيۈملۈك ئۈمىد،
بەختىنىڭ ئۆزى!

— پاھ! بىردەمدىلا لىرىكىدىن بىرنى ئوقۇدۇڭىغۇ؟ سەپداشلارنىڭ سىنى كىتاب خالتىسى دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن جۇمۇ؟ — ئېرپاننىڭ جەڭچى ھەققىدىكى تەبرىگە قايىل بولغان، ئىچ - ئىچىدىن خۇرسەن بولغان بولسامۇ، ئېغىزىمنىڭ ئىتتىكلىكىدىن ئۇنىڭ لەقىمى پۇسۇقتا ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ قاچانلا قارىسا كىتاب كۆرىدىغان بولغاچقا، جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «كىتاب خالتىسى» دەپ قوياتتى.

— كىتابنىڭ خالتىسى بولۇش ئاڭلىماققا ناھايىتى قوپال تۇيۇلىدۇ، لېكىن كىتاب ساقلانغان ھەرقانداق ئورۇن ئومۇمەن ھېكمەت ئىسكىلاتى. مەنغۇ بۇنداق دېيىشلەرگە رەنجىپ كەتمەيمەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنداق دېمە گايىت، بۇ بىر مەدەنىيەتسىزلىك. بەلكىم سىنىمۇ بىرسى «ئاللاكۇس» دېسە خۇشال بولۇپ كەتمەيسەنغۇ ھەرقاچان؟ — ئېرپان لەقىمىنى

ئاتاپ قالغانلىقىمدىن ئېغىزىدا رەنجىمىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە رەنجىۋاتاتتى.

«تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلىمىش، ساقنى تاز دېسە كۈلگۈسى كېلىمىش، دېگەن سۆز راست - دە!» ئۆزۈمچە شۇنداق ئويلاپ قالدىم. چۈنكى، ئېرپاننىڭ «ئاللاكۇس» دېگەن سۆزى جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بەلكىم بۇنىڭغا چىرايىمنىڭ سوپسوپىياڭدەك سېرىق، قاشلىرىمنىڭ شالاڭ، ئېغىزىمنىڭ كالاچتەك چوڭ ئىكەنلىكى، سەپداشلىرىمنىڭ «ئاللاكۇس» ، «گايىت سېرىق، پىشمىغان تېرىق» دەپ چاقچاق قىلىپ قويۇشى سەۋەبىدىندۇر. بىراق، ئۆزۈمنىڭ سېرىقلىقىنى پەقەتلا تەن ئالغۇم كەلمەيتتى. ئۆزۈمنى ئاق ياكى بۇغداي ئۆڭ، ئەڭ كېلىشكەن يىگىتلەردەك ھېس قىلاتتىم. توۋا، مەنلا مۇشۇنداق ئۆزىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان خۇسۇسىيەتتىكى ئادەممۇ ياكى ھەممىلا ئادەم ئۆز نۇقسانلىرىدىن بىزارلىق ھېس قىلامدىغاندۇ؟ ئوھۇي، بۇ گەپكە نېمە قورسىقىمنى كۆپتۈرۈپ يۈرەتتىم؟ جاھاندا نۇقسانسىز نېمە بار؟ ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ، قۇرۇقلۇقتىمۇ تازنىڭ بېشىدەك گىياھسىز تاغ بارغۇ؟

— ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك جىمپىلا كەتتىڭغۇ؟ گېپىم قورسىقىڭنى ئېسىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ — ئېرپاننىڭ سوئالى خىيالىمنى بۇزدى.

— ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى ئاداش، ئەمەلىيەتتىمۇ مەن سېرىق، — سۆزلىرىمگە ئەستايىدىللىقىمۇ، تەنىمۇ، قېيىداشمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

— دېگەنلىرىڭ مۇقامدىن قالغان كونا گەپ بولسىمۇ، خېلى تورى بار گەپ بولدى گايىت. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەر بىر ئادەم ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. ئۆزىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئۆزىنى ئالدىغانلىق.

— لېكىن ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلار ۋە ئېتىراپ

قىلىۋاتقانلار قانچىلىك؟ — ئۆزۈمچە سوئال قويدۇم ئېرپانغا.

— ئىشقىلىپ ناھايىتى ئاز. مەيلى جەمئىيەتتە، مەيلى قىسمدا بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ نۇقسانلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدىغانلار، نۇقسانلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقىدىغانلار، ئىقتىدارسىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلمايدىغانلار، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان نانقېپىلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاددىيسى ×× لىيەندىكى پەيجاڭنىڭ ئىشىنى مىسالغا ئالايلى، ئۇ جەڭچىلەرنى ئۇرۇپ - تىللاشنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى، باشقۇرغۇچىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى سۆز بىلەن قايىل قىلالماسلىقىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، جەڭچىلەرنى يولسىز ھالدا ئۇرۇپ - تىللىدى. ئاخىرىدا جەڭچىلەرنىڭ قارشىلىقىغا، ئىنتىزامنىڭ جازالىشىغا ئۇچراپ ئۆز ئىستىقبالىنى نابۇت قىلدى. ئەگەر ھەممىلا ئادەم ئۆزىنى ئېتىراپ قىلالىغىنىدا، ھەي . . . ئېرپان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

مېنىڭمۇ بۇ ھەقتە يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگۈم بار ئىدى. بىراق، مېنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەم ئېرپاننىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدەك بولمىغاچقا، خاتا سۆزلەپ قېلىپ ئېرپاننىڭ كۈلكىسىگە قېلىشتىن خاۋاتىرلەندىم ۋە تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزۈمنىمۇ ئىچىمگە يۇتۇۋېتىپ يۇلتۇزلارغا قارىدىم. يۇلتۇزلار يەنىلا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇشماقتا ئىدى. شۇغىنىسى، بەزى يۇلتۇزلارنىڭ ناھايىتى نۇرلۇق چاقنىشى، بەزى يۇلتۇزلارنىڭ تۇرۇپ گۇڭگا چاقناپ قويۇشى، يەنە بەزى يۇلتۇزلارنىڭ كۆكۈچ تاماكا ئىسىدەك كۆرۈنىدىغان ئۇيۇقتا سىڭىپ كۆزدىن غايىب بولۇشى ماڭا بىر تېپىشماقتەك تۇيۇلاتتى. «بۇنداق بولۇشى بەلكىم يۇلتۇزلارنىڭ يەر شارى بىلەن بولغان ئارىلىقىدىكى پەرقتىندۇر» دەپ ئويلايتتىم

ئىچىمدە. ئىشقىلىپ يۇلتۇزلار ماڭا نېمىلەرنىدۇر سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك ئىدى.

— سەن يۇلتۇزلارنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — سورىدى ئېرپان ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ياخشى كۆرىمەن، — جاۋاب بەردىم يۇلتۇزلاردىن كۆز ئۈزمەستىن.

— نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىسەن؟

— تېپىشماقتەكلا بىر سوئاللارنى سورايدىكەنسەن ئېرپان، نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، بەلكىم ئۇنىڭ نۇرلۇق چاقناپ تۇرۇشىغا ھېرىسمەنلىكىمدىن ياخشى كۆرىدىغاندىمەن.

— ئۇنداقتا ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— ساراڭلاردەك سوئال سورايسەن جۇمۇ سەن، كىتابنى كۆپ ئوقۇپ ئالجىپ قالمىغانسەن؟ سەنچۇ، سەن ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— ئەلۋەتتە، ئۆزىنى ياخشى كۆرمىگەن ئادەم باشقىلارنىمۇ ياخشى كۆرەلمەيدۇ.

— سەن يۇلتۇزلارنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — ئېرپاننىڭ سوئالىنى ئەمدى مەن تەكرارلاشقا باشلىدىم.

— ھەئە، ئەگەر يۇلتۇزلارنى ياخشى كۆرمىگەن بولسام ئۆزۈمنى ياخشى كۆرمەيتتىم. چۈنكى، يۇلتۇزلار كېچىنىڭ كۆزى — شۇنداقلا بىز.

— كېچىنىڭ كۆزى؟ مەنىسى ئەجەبمۇ چوڭقۇر گەپكەن بۇ.

— بىر چاغدا «كېچىنىڭ كۆزى بولغان بولسىمۇ ـ ھە؟!» دەپ ئويلاپ كەتكەنىدىم. ئۆتكەندە سىياسىي يېتەكچى يىغىندا بۇ سۆزنى قىلىۋىدى، ئاندىن ئۆزۈمنىڭمۇ كېچىنىڭ كۆزى ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com